# ئابدۇراخمان ئىسمائىلنىڭ گۇۋاھلىقى

1. مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇراخمان ئىسمائىل. مەن 1974- يىلى 4- ئاينىڭ 2- كۈنى، كۇچا ناھىيەسى، ئالاقاغا يېزىسى، قوناس تۆتىنجى كەنتتە تۇغۇلغان. باشلانغۇچتا ئوقۇغاندىن كېيىن دىنىي مەكتەپتە قارىلىقتا ۋە ئەرەپ تىلىدا ئوقىغان. 1990- يىلىدىن باشلاپ تۈرمىگە كىرىشكە باشلىغان تارىخىم بار. 1990- يىلى 5- ئاينىڭ 22- كۈنى، مەن ئۇ ۋاقىتتا 16 ياش ۋاقتىمدا، سېنىڭ بارىندىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىڭ بار ئىكەن دەپ تۇيۇقسىز ئۆيدىن تۇتۇلۇپ كىتىلگەن. مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق، ھېچقانداق ئۇقمايمەن،ئۆزۈم بىلمەيمەن؛ پەقەت كۇچادا سىدىق قارى ھاجىمغا دىنىدا ئوقۇغان گۇناھىم بار. ئۇ ۋاقىتتا بىر يېرىم ئايدىن كىيىن گۇناسىز، بۇ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ قويۇپ بەردى. شۇ كىچىك ۋاقتىمدىمۇ ناھايىتى جېق قىين-قىستاقلارغا، ئۇرۇش، باغلاپ قويۇش- قيين-قىستاقلارغا ئۇچۇردۇم، كۇچانىڭ يىغىۋېلىش... ئىرجەن دەپ قويىدىغان يىرىدە.

2. 1991- يىلى مەن قاغىلىققا ئابلېكىم مەخسۇم ھاجىمدا ئوقۇغىلى باردىم. ئوقۇش جەريانىدا 1993- يىلىغىچە ئاشۇ يەردە تۇردۇم. 1993- يىلى 12- ئاينىڭ 19- كۈنى گۇمۇدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، سەن قاغىلىقتا ئابلېكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭكىدە چېنىقىپسەن، ھۆكىمەتكە قارشى تۇرۇشنى باللار بىلەن پاراڭلىشىپسەن، پىلانلىشىپسەن دېگەندەك تۆھمەتلەر ۋە مەن قىلمىغان ئىشلارنى قىلدىڭ دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن مېنى بەش يىل تۈرمىگە ئالدى؛ بۇ بەش يىل جەريانىدا قەشقەر تۇرمىسىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇرمىسىدا تۆت يىل ياتتىم.

3. بۇ تۆت يىل جەريانىدا بىر يېرىم يىل كېچە كۈندۈزلەپ دېگەندەك سوراققا ئېلىندىم، بەزىدە كېچە كۈندۈز ئۇخلاتمايتتى، بىر يېرىم يىل توختىماي سوراق بولدى. سوراقنى داۋاملىق ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇش، پۇتىمىزنى ئېچىپ تۇرغۇزۇش، قولنى كويزا بىلەن كەينىمىزگە باغلاپ تۇرغۇزۇش، پۇتنىڭ دۈمبىسىگە تۆمۈرلەر بىلەن قاتتىق ئۇرۇش، يالاڭاچلاپ قويۇپ ئۇرۇش دىگەندەك ئەھۋاللاردا سوراقلار بولدى. ئۇمۇ بىرئاز كىچىك ۋاقىتلىرىم. ئاندىن ئۇ يەردىكى ئۇستاز بولغانلاردىن ئالىمجان

ئابلىز، قاۋۇل ئابدۇرېھىمنى تۆت يىلدىن كېيىن يەركەنگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرمگە ھۆكۈم قىلىپ ئېتىۋەتتى. ئۇلارغا ناھايىتى جىق جىنايەتلەرنى، قىلمىغان ئىشلارنى ئارتىپ ئېتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ جىق ئىشلىرىنىمۇ ئۇقمايمەن، مەن ئۇ يەردە ئوقۇۇغان، شۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇغان يېرىم بار، شۇڭا سەن ئۇلار بىلەن ما ئىشنى قىلماقچى بولغان، ھۆكىمەتكە قارشى بەزى ئىشلارغا قاتناشقان، گەپلىرىگە قاتناشقان دېگەندەك... سەۋەپلەر بىلەن؛ مەن بۇنى ئۇقمايمەن، پەقەت ئوقۇغىلى كەلگەن بۇ يەرگە دەپ تۇرغان ئىدىم، شۇنداقتىمۇ مېنى بەش يىل كىسىۋەتكەن.

4. بەش يىل جەريانىدا، ئۇ تۈرمىدە ئابدۇغەنى ئۇبۇلقاسىم، ئىسمىدە بار، ئابدۇغەنى قەشقەر سىفان شۆيەنىنىڭ مەشھۇر ئوقۇتقۇچىسى، ئابدۇغەنى ئىنگلىز دەپ نامى بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىلەن بىرگە ياتتىم. ئۆزى ناھايىتى جەڭگىۋار، ناھايىتى ۋەتەن سۆيەر ۋە مىللەت سۆيەر بىر ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچى ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ ھېچقانداق جىنايىتى يوق، بىلىشىمچە تەشكىلاتقا قاتناشتىڭ دېگەن تۆھمەت بىلەن 20 يىل ئەتراپىدا كېسىۋېتكەن. كېيىن 2006- يىلى ئۆرۈمچى 1- تۈرمىسىدا ئۆلتىرىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم.

5. ئەندىن، بۇ تۈرمىدە يەنە ئابىتجان ئۇبۇلقاسىم دەپ سىفەن شۆيەنىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بىلەن قوشنا كامېردا ياتتىم، داۋاملىق پاراڭلىشاتتۇق. ئۇ بالا دەرىستە ناھايىتى ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوقۇغان بالا، ئۈچ-تۆت شېرىكى بىللە سولانغان. ئابىتجان ئۇبۇلقاسىمنىڭمۇ قىلغان ھېچقاندان بىر ئىشى يوق، پەقەت تەشكىلات قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سەن، مەسلىھەتلەشكەن دېگەندەك تۆھمەت بىلەن 20 يىل كىسىۋەتكەن. ئۇنىمۇ 2005- يىلى تۈرمىدا تۈيۇقسىز، ئۆزى ناھايىتى ساغلام بىر بالا ئىدى،ئۆلۈپ كەتتى؛ باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇنىڭدا بىر سۈيىقەست بار، ياكى ئۇكۇل ئۇرغانتى شۇ ۋاقىتلاردا، شۇنىڭ تەسىرى بولدى دەپ ئاڭلىدىم. بۇ بالا مۇشۇنداق ئۆلۈپ كىتىپتۇ.

6. 1997- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى مېنى قەشقەردىن سانجى شاباخۇ 7- ئەترەتكە ئاپاردى، بۇ يەر ناھايىتى چەت بىر يەر ئىدى. ئۇ يەردە بارىن ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان جىق باللار بار ئىكەن، ئۇلار بىلەن بىرگە ياتتىم؛ ئۇنىڭدىن باشقا 50 ئەتراپىدا سىياسىي مەھبۇسلار بار ئىدى. ئۇ يەردە بىزنى ناھايىتى ئېغىر ئەمگەككە

سالدى: بىر سائەت، ئىككى سائەتتە ئىنتايىن سوغۇقتا پىيادە مېڭىپ بىر يەرلەرگە باراتتۇق؛ خالتىلار بىلەن دۈمبىمىزدە توپا توشۇيتتۇق، ئايلاپ ئايلاپ، دۆڭ يەردىن چۇقۇر يەرگە توپىلارنى دۈمبىمىزدە كۆتۈرۈپ توشىدۇق؛ توشۇش جەريانىدا بەزىلەر ئاغرىپ قالدى؛ شۇنىڭ ئىچىدە تۇرسۇنجان، ئاقسۇ ئۈچتۇرپانلىق، فامىلىسىنى ئۇنتۇپ قالدىم، 22 ياشلاردىكى، بويى ئېگىز، كىلىشكەن چىرايلىق بالا؛ ئاندىن، غولجۇلۇق مەمەتجان دېگەن بالا، ھەر ئىككىلىسى ئۈچ يىلدىن كېسىلگەن، ئاران ئۈچ يىل ھۆكۈم بىلەن ئۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن؛ بۇ باللار شۇ ئېغىر ئەمگەك جەريانىدا ئاغرىپ قالدى؛ ئاغرىپ قالدۇق دېسە داۋالاتماي ،1998 -يىلى 1- ئايدا قاتتىق سوغۇقتا ئۇلارنى مەيداندا كېچە كۈندۈزلەر دېگەندەك ماگدۇرۇپ ياتاقتا ئەكىرمەي، ئۇلار شۇ سوغۇقتا ئۇرۇقلاپ بىر تىرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قېلىپ، ئاخىرى ئۇلارنى دوختۇرخانىغا ئاپاردۇق دېدى؛ ھەر ئىككىسى 1998- يىلى 3- ئاي ئەتراپىدا ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى، (جەسەتلىرىنى) سانجى شاباخۇ ئەتراپىغا ئۆيدىكىلىرىنى چاقىرىپلا  كۆمۈۋەتتى. مەن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بىرەلەيمەن، چۈنكى مەن ئاشۇ يەردە بار ئىدىم.

7. ئۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم، بىزنىڭ كۇچادىن، كۇچا ئالا قاغا يېزا تۇخۇلا كەنتتىن بارات قاھاپ، مەن بىلەن بىر ساۋاقداش ئوقۇغان، 2000- يىلى 4- ئايدا ئاقسۇدا ئېتىۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن   يەكەنلىك مەمەتتۇرسۇن، نۇرمەمەت ئاۋۇت، قاغىلىقلىق ئۆمەر ئەلى، كۇچالىق ئابدۇۋېلى قادىرنى بىرگە ئېتىۋەتتى، ئۇلارنى بايىغا ئاپىرىپ ئېتىۋەتتى، 2000- يىلى 4- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەتراپىدا، ئىسىمدە قېلىشچە. شۇ ۋاقىتتا باينىڭ يوللىرىنى قامال قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەكىلىپلا كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن بىر ياتاقتا سولاپ قويۇپ، ئۇلارنى ئاپىرىپ ئېتىۋەتتى، جەسەتلىرىنىڭ قەيەرگە كۆمۈۋېتىلگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، بىر يەرنى چوڭ تىراكتور بىلەن چوڭقۇر كولاپ كۆمۈپ ئۈستىنى تۈپ-تۈز قىلىۋەتتى، قەبرىلىرىنىمۇ يوق قىلىۋەتتى. بۇنىڭغىمۇ گۇۋاھلىق بىرەلەيمەن.

8. بۇنىڭدىن باشقا مەن گۇۋاھلىق بىرىدىغىنىم، ئەخمەت سۇۋۇر، بىزنىڭ كۇچا ناھيە ئالا قاغا يېزا 3- كەنتتىن، ياغاچچىلىق قىلاتتى. 2003- يىلى 25 ياش ئەتراپىدا، ئايالىنىڭ ئىسمى ئامانگۈل، مەرھابا دەپ بىر قىزى، مۇھەممەتئەزىز ۋە مۇجاھىدىن دەپ

ئىككى ئوغلى بار. 2003- يىلى 4- ئاي ئەتراپىدا تۈرمىغا ئەكىرىپ كىتىپ، 5- ئاينىڭ 28- كۈنى تويۇقسىزلام ئۆيىدىكىلەرنى چاقىرىپ ئەكىلىپ كۈچا ناھىيەسىدىكى مەھەللىسىدە قەبرىگە كۆمىۋەتكەن.

9. ئاندىن كېيىن، مەمەتجان، مال دوختۇرلۇقى قىلاتتى، ئالا قاغا يېزا بازار ئىچىدىن. ئەمما ئالا قاغا قوناس 4- كەنتتە بىزگە يېقىن بىر يەردە مال دوختۇرلۇقى قىلاتتى. ئۇنىمۇ 2016- يىلى تۈرمىگە ئەكىرىپ كىتىپ، ئۆلگىنى ئاچىقىپ بىرىپتۇ. بۇ جەھەتتە بىلىدىغىم بۇلار.

10. سالاھىدىن دەپ بىر جىيەنىم بار ئىدى، ئاچامنىڭ ئوغلى. 2014- يىلى 15 ياش ۋاقتىدا ئەكىرىپ كىتىپ 20 يىللىق كىسىۋېتىپتۇ. بۇنى 2015- يىلى بىزنىڭ يۇرتتىن چىققانلاردىن بىلدىم. ئائىلىدىكىلەر بىلەن ھېچ ئالاقە قىلالمىدىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھېچقانداق بىلمەيمەن، ئۇلاردىن بەك ئەنسىرەيمەن. مېنىڭ بىر ئاچام، ئۈچ ئىنىم، ئىككى سىڭلىم بار. ئاچامنىڭ ئىسمى خەيرىنىسا ئىسمائىل؛ ئىنىلىرىم ئابدۇقادىر، ئابدۇلئەزىز ۋە ئابلېكىم؛ سىڭلىلىرىم ئامانگۈل ۋە ئاسىيەگۈل. ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىمەن. ئاتام-ئاپاملىمۇ ياشىنىپ قالدى، بۇلاردىن ھېچقايسىسىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. بۇ يەردە ھازىر ناھايىتى ئەندىشە ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. بىزگە كۆڭۈل بۆلىۋاتقان دۇنيادىكى، غەربىي دۇنياسىدىكى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنسانلاردىن بىزگە ياردەم قىلىشىنى، بىزنىڭ ئىشىمىزغا تېخىمۇ بەكرەك ئەمەلىي كۆڭۈل بۆلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

11. دادامنىڭ ئىسمى ئىسمائىل ھامۇت، 1947- يىلى توغۇلغان؛ ئاپامنىڭ ئىسمى ئايىنىسەم تالىپ،1955- يىلى توغۇلغان. ئەھۋال ئىگەللىشىمچە، ئاتام 2018- يىلى 9- ئايدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە كىچىككىنە ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم، ئەمما ھەققىي بىلەلمىدىم، ئەنىدىشەم بار. باشقىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، ھېچقانداق ئەھۋالىنى بىلەلمىدىم.

12. ئۇنىڭدىن باشقا، 1993- يىلى 12- ئايدىن 1998- يىلى 12- ئايغىچە بەش يىل، قەشقەر، سانجى ۋە ئۈرۈمچىلەردە بەش يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن، مەن ئۆيدە ئائىلەمدىكىلەر بىلەن نورمال ياشاۋاتقان بولساممۇ، 1999- يىلى 3- ئاينىڭ 17- كۈنى، يەنى تۈرمىدىن چىقىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن 3- ئاينىڭ 27-

كۆنى يەنە ئەكىرىپ كەتتى، ھېچبىر سەۋەبسىزلا بىر ئاي سولاپ قويدى، ئون نەچچە كۆن سوراق قىلىپ يەنە چىقىرىۋەتتى.

13. ئۇ كۆنى روزا ھېيتقا بىر كۆن قالغان ھارپا كۆنى ئىدى. يەنە، 2000- يىلى كۈچا كونا شەھەردە دوكان ئېچىۋاتقان ئىدىم، ساقچىلار دوكانغا كىلىپ مېنى يەنە ئەكىرىپ كەتتى، 2000- يىلى 4- ئاينىڭ 11- كۆنى ئىدى، ئىسمىدە بار، ئەكىرىپ كىتىپ يەنە تۈرمىغا سۇلىۋەتتى. 2000- يىلىمۇ (تازا ئىسمىدە يوق) روزا ھېيتقا بىر كۆن قالغان ھارپا كۆنى ئىدى ۋە مېنى ئەكىرىپ تۆت ئاي سولاپ قويدى، بۇ ۋاقىتتا ئىككى ئىنىم ئابدۇقادىر ۋە ئابدۇلئەزىزنىمۇ سولاپ قويدى، ئۇلارمۇ 4-5 ئاي ياتتى. چىققاندىن كىيىن، 2001- يىلى كۈچادا ياشىيالمىغۇدەكمەن دەپ ئۆرۈمچىگە يېنىپ چىقىپ كەتتىم ۋە نورمال تىجارەت قىلىپ ياشىدىم. 2008- يىلى 6- ئاينىڭ 8- كۆنى ئۆرۈمچىنىڭ خوگيەنچىدا ئۆزەم نورمال ئۆي، قەۋەتلىك ئۆي ئەمەس، سېلىۋاتقان ئىدىم ۋە بىر مۇنچە ئادەملەر ئىشلەۋاتاتتى؛ ئالتە-يەتتە ئادەم لايچىلىق قىلىپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا، مېنى تۇتۇپ كەتتى ۋە ئۆيدە ئىشلەۋاتقان ئىشلەمچىلەردىن تارتىپ ئۇستاملارغىچە بىراقلا ئەكىرىپ ھەممەيلەننى سولىۋەتتى. ئۇلارنىمۇ 4-5 ئاي سولىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىملىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن، بەش ئادەمنى ئەكىرىپ، 2008- يىلى 6- ئاينىڭ 8 – ئىدى، ئۇلارنىمۇ سولىۋەتتى. 2008-6- ئاينىڭ 8- كۆندىن 2009- يىلى 5- ئاينىڭ 4- كۆنىگىچە ياتتىم؛ بىر يېرىم ئاي لىيۇداۋەن تۆرمىسىدا ياتتىم، بۇ تۆرمىدە سوراق ناھايىتى ئېغىر بولدى؛ ھەتتا تۆرمىنىڭ سىرتىدىكى مەخسۇس سوراق قىلىدىغان بىر يەرگە ئاپىرىپ سوراق قىلىپ، ئىككى-ئۈچ كۆن ئۇخلاتماي، پۆتۆن پۇت-قولۇمنى سوراق ئۇرۇندۇققا باغلاپ قويۇپ، پەقەت ئۇخلاتماي، ھەتتا ئېسىپ قويۇپ توكلارنى يېقىپ، ئېغىر-ئېغىر قىين- قىستاقلارغا ئالدى. ئۇ چاغدا بۇ قېتىم بۇ يەردىن ساق چىقالمايدىكەنمەن دەپ ھاياتىمدىن ئاساسەن ئۆمىد ئۆزگەن ئىدىم. ھېچقانداق گۇناھىم يوق ئىدى. ماڭا ئارتقىنى: بالا ئوقۇتۇپتىكەنسەن ياكى بالا ئوقۇتىدىغان يەرلەرنى بىلىدىكەنسەن، قەيەردە، كىملەر بالا ئوقىتىدۇ،كىملەر دىن ئۆگىنىدۇ، سەن شۇلارنى بىزگە دەپ بەر، دەپ مېنى قىين-قىستاققا ئالدى. 6- ئاينىڭ 8- كۆندىن 5- ئاينىڭ 9- كۆنىگىچە ئارلىقتا ئالتە ئاي سوراق قىلىندىم. بۇ ئالتە ئايدا ھاياتىمدا پەقەت ئۇنتۇپ

قالمايدىغان كۈنلەرنى بېشىمدىن كەچۈردۈم؛ ناھايىتى ئېغىر، توكلار بىلەن قىيناش، ئېسىپ قويۇش، بۇلۇپمۇ ئۇخلاتماسلىق – كۈنلەپ كۈنلەپ ئۇخلاتماسلىق... ئېغىر قىين-قىستاقلارغا ئۇچۇردۇم. ھەتتا،قولۇقۇممۇ بىرئاز...ھازىرمۇ بىرئاز تەسىرى بار ، قۇلاقلىرىمغا بەك ئۇرىۋەتكەچكە، بىرئاز ئېغىر. كىيىن 2009- يىلى 5- ئاينىڭ 9- كۈنى چىقتىم؛ ھېچقانداق بىر جىنايەت ئارتالمىغانلىقى ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن بولدى.

14. 2009- يىلى 5- ئاينىڭ 31- كۈنى ئاخشامدا ماشىنا ھەيدەپ ئايالىم بىلەن سەنشىخاڭزىغا كەلگەن ئىدىم، ئابدۇراخمان، سەن نەدە ھازىر دەپ تېلېفۇن قىلىپ قالدى؛ سەنشىخاڭزا ھەدىيە كۆز كىسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدا دىدىم؛ بىز مۇشۇ ئەتراپتا، بىر كۆرىشەيلى دېدى. كۆرۈشتۈم، ئايالىم قېلىپ قالدى؛ مېنى ماشىنىغا چىقىرىپلا ئېلىپ كەتكەن پېتى ھېچ ئىش يوقلا، يېڭى يىللىق ئېغىرلىتىپ جازالاش دەپ، يەنە بىر يېرىم ئاي سولاپ قويدى، 2009- يىلى 5- ئاينىڭ 31- كۈندىن 2010- يىلى 2- ئاينىڭ 15- كۈنگىچە. ئاندىن كېيىن يەنە قويۇپ بەردى. قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، داۋاملىق نېمىش قىلىۋاتىسەن، كىم بىلەن ئالاقىلاشتىڭ، نەدە تۇردۇڭ دەپ سوراپ يۈرۈپ ماڭا ھېچ ئاراملىق بەرمىدى. خاتىرجەم، ھېچقانداق ئىشقا ئارلاشماي ياشىساممۇ ماڭا پەقەت ئاراملىق بولماي، ئاخىرىدا مەن بۇيەردە ياشيالمەيدىكەنمەن، (بۇلار) پەقەت ياشاتمىغۇدەك مېنى، جېنىمنى بېقىش ئۈچۈنمۇ ماڭا خاتىرجەملىك بولمايدىكەن، دەپ بالىلىرىمنى ئېلىپ يولىنى قىلىپ چەتئەلگە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم. 2014- يىلى 1- ئايدا كەلدىم. شۇنىڭدىن بىرى تۈركىيەدە ياشاۋاتىمەن.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بىتىدە نەشىر قىلىنىشغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**